# ئابدۇرېھىم بىلىمنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ياتاق ئۆي، مېھمانخانىغا گىلەم سېلىنغان، نەقىشلەر قويۇق زامانىۋى تۈستە بولۇپ، يېزىلاردىكى كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇسلۇبقا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئانارگۈل روزى بىر چەينەك قىزىق چاي دەملەپ، ئاۋايلاپ ناۋات سېلىپ قويدى. مۇخبىرلار چىنە - چەينەكلەرنىڭمۇ نەپىس فارفۇر بۇيۇملاردىن ئىكەنلىكىنى كۆردى.

«بۇلتۇر 3 - ئايدا مەن ئونسۇ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملاپ، خوتۇنۇم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆيىمىزنى ياخشى بېزىۋالدۇق، ئۆي جاھازلىرىنىمۇ ئالماشتۇردۇق، بۇنىڭغا نەچچە ئون مىڭ يۈەن خەجلىدۇق.» بۇ يىل 35 ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ياخشى ئىگىلىك تىكلەپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ئۆزى بەختتۇر.

ئابدۇرېھىم كەنتتە 50 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ياڭاق ئۆستۈرگەن، بۇغداي ۋە شال تېرىغان بولۇپ، ھەر يىلى ياڭاقتىنلا 15 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىدۇ. ئۇ خوتۇنى بىلەن يەنە بازاردا خەۋەرلىشىش مەخسۇس تىجارەت دۇكىنىدىن ئىككىنى ئاچقان بولۇپ، كەسىپ بېجىرىدۇ، يان تېلېفون ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ساتىدۇ، سودىسى ناھايىتى ئاۋات. ئۇنىڭ بىرىنچى دۇكىنى بازار ئەتراپىدا بولۇپ، ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغاچقا ئىنتايىن ئاۋات، بۇلتۇر 9 - ئايدا ئىككىنچى دۇكىنىنى ئاچىدىغان چاغدا، بازارلىق ھۆكۈمەتكە يېقىن ئورۇننى تاللىدى.

«ھازىر دېھقانلارنىڭ قولىدا پۇل بار، يان تېلېفون سېتىۋالىدىغانلار، يان تېلېفونىنى ئالماشتۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، يېزا بازىرى كەڭ بوشلۇققا ئىگە». ئابدۇرېھىمنىڭ ئېيتىشىچە، بازاردا ئوخشاش كەسىپتىكى دۇكانلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يەنە بىر دۇكان ئېچىشنى قارار قىپتۇ، نەتىجىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىپتۇ. «ھەر ئايدا كونا دۇكاندىن 6000 - 5000 يۈەن، يېڭى دۇكاندىن 4000 - 3000 يۈەن پۇل تاپالايمىز، ھەر ئايدا جەمئىي 70 - 60 يان تېلېفون ساتالايمىز» دېدى ئۇ.

يان تېلېفون ھەم مۇناسىۋەتلىك زاپچاسلار ياخشى سېتىلىۋاتقاچقا، كەينى - كەينىدىن مال كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ماللارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇ شەھىرىگە ئەۋەتىلىدىغان بولۇپ، ئابدۇرېھىم ھەر ھەپتىدە ئاقسۇ شەھىرىگە ئۈچ - تۆت قېتىم بېرىپ كېلىدىكەن، ئۇنىڭ بىر شەھەر SUV ئاپتوموبىلى بار بولۇپ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ مال ئەكېلىش ئىنتايىن قولايلىق ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر يەنە كومباين ۋە كىچىك پىرتسىپ سېتىۋاپتۇ.

### ئۆگىنىش ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتتى

ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: ھازىرقى تىرىشىپ ئىشلەش، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش ھالىتىم ئىدىيەدە ئازاد بولغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «دادام پارتىيە ئەزاسى، ئانام سېسترا، ئاكىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، خىزمىتى بار، پەقەت مەنلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپلا ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن، كېيىن بەزى ئەسەبىي ئىدىيەسى بار كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ، ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچرىدىم».

ئاشۇ كۈنلەردە، ئابدۇرېھىم قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، توردىن ئەسەبىي مەزمۇنى بار ئۈن - سىنلارنى ئاڭلاپ، بارا - بارا جاھىللىشىپ كەتكەن ۋە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ جاھىللىق بىلەن تۇرمۇشتىكى بارلىق بۇيۇملارنى «مۇسۇلمانچە»مۇ - ئەمەسمۇ دەپ ئايرىپ، ئەسەبىي تەرغىب قىلغان «داۋلى»لارنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى قاراشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پەقەتلا چىقىشالمىغان.

دادىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى ئونسۇ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ بىر مەزگىل ئۆگىنىشكە نەسىھەت قىلغان. دادىسى ئۇنىڭغا «ئاتا - ئانانىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساڭ، بېرىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باققىن» دېگەن.

«مەن گاڭگىراش ئىچىدە ئۆگىنىشكە بارغىنىدىم، بىر مەزگىلدىن كېيىن، دىلىم يورۇپ كەتتى» دېدى ئابدۇرېھىم.

ئابدۇرېھىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپتۇ؛ قانۇن ئۆگىنىش نېمىنىڭ ھەق - ناھەق، نېمىنىڭ توغرا - خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئىلگىرى ئەسەبىي ئۇنسۇرلار نېمىلا دېسە، ئۇ ھەممىنى توغرا دەپ قارىغان ئىكەن. ھازىر شۇنى تونۇپ يېتىپتۇكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى بىمەنە بولۇپلا قالماستىن، يەنە قانۇنغا خىلاپ ئىكەن. «ئۇلار ئاياللار يۈزىنى ئوچۇق قويسا بولمايدۇ، خىزمەت قىلسا بولمايدۇ دېسە، ئۇ چاغدا بۇنى ناھايىتى قوللىغانىدىم، لېكىن، ھازىر مەن بۇنداق بولغاندا ئاياللارنىڭ بېكىنمىچىلىك، نادانلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، بەختتىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم» دېدى ئابدۇرېھىم.

«مەدەنىيەت بىلىملىرى، قانۇن بىلىملىرى، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرى قەيەردە خاتا قىلغانلىقىمنى، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلاش كېرەكلىكىنى بىلدىم.» ئابدۇرېھىم يېڭى دۇكان ئاچقاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپتۇ، خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ غەيرەتلىك ئىشلىشى ئۇنى خۇشال قىپتۇ. ئۇ مۇخبىرلارغا، ئەگەر كاللىسى ئىزچىل ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغان بولسا، ئۇ خوتۇنىنىڭ بۇنداق قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خوتۇنىنىڭ خۇشال ھالىتىنىمۇ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

### ھەر ۋاقىت باللىرىغا ياخشى ئوقۇشنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش

ئابدۇرېھىم بىلىمنىڭ پايدىسىنى بىۋاستە ھېس قىپتۇ. كەسىپ بېجىرىشنى ئېلىپ ئېيتساق، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئىگىلىمىگەندە، بەزى كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنەلمەي، تونۇشتۇرۇشقا ئامالسىز قالاتتى، بېجىرىشى تېخىمۇ قىيىن بولاتتى. ھازىر دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلىتىدۇ، ھەر خىل يان تېلېفون يۇمشاق ماتېرىياللىرى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر چۈشەنمىسە، ھەتتا يان تېلېفونىنىمۇ ساتالمايدۇ.

«ھازىر سودا قىلىشتا رىقابەت كەسكىن، دۇكان ئاچسا ئەمەلىيەتتە بېسىم ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. كىم كەسپىي بىلىملەرگە پىششىق بولسا، كىم مۇلازىمەتنى ياخشى قىلسا، شۇ رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىمدىن خۇشال، بۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتەلىدىم» دېدى ئابدۇرېھىم چىن كۆڭلىدىن.

مۇخبىرلار ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە لوڭقىغا سۈنئىي گۈل سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، «نېمىشقا بىر نەچچە تەشتەك گۈل ئۆستۈرمىدىڭىز؟» دەپ سورىدى، «ھەقىقەتەن بەك ئالدىراش بولغاچقا، يېتىشەلمەيدىكەنمىز.» ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: ھەر كۈنى ئەتىگەندە باللارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپلا ئىشقا بارىمىز، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ تاماق يەيمىز، يەنە ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىمەن، ۋاقىت ھەمىشە ناھايىتى قىس. ئەسلىدە گۈل باققانىدۇق، لېكىن دائىم سۇغىرىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ياخشى ئۆسمەي، باشقىلارغا بېرىۋەتتۇق.

ئابدۇرېھىمنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ ھەممىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىدۇ، كىچىك ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ نەتىجىسى خېلى ياخشى، لېكىن 11 ياشلىق چوڭ ئوغلى ھەمىشە ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ئىكەن. «بۇ بالا كىچىكىدىن تارتىپلا كالا، قوي، توشقان ۋە توخۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىزچىل چوڭ بولغاندىن كېيىن باقمىچىلىق قىلىمەن دەيدۇ.» ئابدۇرېھىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشتىن بۇرۇن بۇنى چوڭ مەسىلە ئەمەس دەپ قارايدىكەن، لېكىن ھازىر ئۇ ناھايىتى جىددىيلىشىدىغان بوپتۇ.

ئۇ دائىم ئوغلىغا ياخشى ئۆگەنمىسەڭ، بىلىمىڭ بولمىسا، سەن قانداق ئىگىلىك تىكلىيەلەيسەن، زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق ماسلىشالايسەن؟ باقمىچىلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى بىلىشىڭ، شۇنداقلا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشۇڭ كېرەك، دەيدۇ. بالىسىنىڭ ھەم چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان قىياپەتتە تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە بەك ئالدىراپ كەتمەي، ئاستا - ئاستا يېتەكلىسەم بولغۇدەك، دېگەن.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇرېھىم نۇرغۇن چارە ئويلاپتۇ، ئۇ باللىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغاندا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەسىنى «كۆز - كۆز قىلىدىغان»، مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەندىمۇ ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى «كۆز - كۆز قىلىدىغان» بوپتۇ. ئۇ باللىرىغا خاتىرە كومپيۇتېر ۋە تاختا كومپيۇتېر ئېلىپ بەرگەن بولۇپ، تاپشۇرۇققا يېتەكچىلىك قىلغاندا ئىشلىتىدىكەن، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئويۇن ئويىنىشىغا يول قويسىمۇ، بىر جۈملە سۆزنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايدىكەن: «ئەگەر مەن كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئۆگەنمىگەن بولسام، سىلەرگە ئويۇن ئويناشنىمۇ ئۆگىتەلمىگەن بولاتتىم».

## ئاپتونوم رايونىمىز ئالتە تۈرلۈك ھەرىكەتنى يولغا قويۇپ، سانائەتنىڭ يېشىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل يەنە سانائەت ساھەسىدىكى ئېنېرگىيە ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆلچەمگە توغرىلاش ھەرىكىتى، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەرنىڭ سانائەت ساھەسىدىكى ئېنېرگىيە ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش ئەھۋالىغا دىياگنوز قويۇش ھەرىكىتى، پۈتۈن يىللىق ئېنېرگىيە تېجەش تەشۋىق - تەربىيەسى ۋە تايانچلارنى تەربىيەلەش ھەرىكىتى، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىلىرىنىڭ سىياسەت ۋە كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە قوللاش خاراكتېرلىك مۇلازىمەت قىلىش ھەرىكىتى، خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ چوڭقۇر، مەخسۇس تۈردىكى ئېنېرگىيە تېجەشكە دىياگنوز قويۇش قاتارلىق بەش تۈرلۈك ھەرىكەتنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە ئىستېمال مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى % 4 ئىچىدە كونترول قىلىشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ بىرلىك سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنى سىجىل تۆۋەنلىتىپ، سانائەت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يېشىل ياسىمچىلىق تىزىملىكىنى مەخسۇس تۈردە قايتا تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ بىر يېشىل باغچە رايونى ۋە 20 يېشىل ئۈلگە كۆرسىتىش زاۋۇتى قۇرۇپ، بىر يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېشىل ياسىمچىلىقتىن ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەتنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئۈلگە دەرىجىلىك يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 101 يېشىل زاۋۇت، تۆت يېشىل باغچە رايونى، بەش يېشىل تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىسى بەرپا قىلىندى.

## ئاپتونوم رايونىنىڭ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش «بىرىكمە مۇشت»ى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇ ھامان ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچى ئورۇن بولغان تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالەتلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتىدىغان، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر بىر تۇتاش پىلانلايدىغان، ناھىيە (شەھەر)لەر ماسلاشتۇرىدىغان تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرى ۋە تايانچ ئېلېكتر كارخانىلىرىنىڭ داۋاملىق تىجارەت قىلىشقا ماسلاشتۇرۇپ، ماي، گاز كارخانىلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىنى قوللاپ، تەبىئىي گاز، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، پار، سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئايلىنىشنى تەڭشەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز تەۋەلىك رايونىنىڭ تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، رايونلار ئارىسىدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىم ئامىللىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلغان.

«ھەرقايسى جايلار ‹كۆك - تاق›، ‹ئاشلىق›قا مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ترانسپورتنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ‹ئالاقىلىشىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ› ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنى ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىرغىچە راۋانلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك، كاپالەتنىڭ كۈچلۈك، مال باھاسىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى» دېدى لى چاڭچىلىك.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش جانلاندى. 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، كۆمۈرچىلىك كەسپىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %23.4 ئاشقان. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 85 مىليون 236 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %15.3 ئاشقان؛ سېتىلىش مىقدارى 84 مىليون 6900 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %23.8 ئاشقان.

توك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولغان. 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ توك تارقىتىش مىقدارى 127 مىليارد 276 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %12.1 ئېشىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم، تەكشى ئېشىشنى ساقلىغان. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكتر تورىنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭشىگىلى بولىدىغان قۇۋۋىتى 39 مىليون كىلوۋات بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمىدىكى ئەڭ چوڭ توك ئىشلىتىش يۈكىدىن 10 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات يۇقىرى بولغان.

ماي، گاز بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان. 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، نېفىت كەسپىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن % 0.4 چۈشۈپ، ئېشىش سۈرئىتى ئازراق تۆۋەنلىگەن، لېكىن ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىدا مۇقىم ئېشىش ساقلانغان، خام نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈردىن ياسالغان تەبىئىي گاز ئايرىم - ئايرىم ھالدا %5.4، %7.8، %16.1 ئاشقان.

ئاشلىق، ياغ، كۆكتات ۋە كۈندىلىك تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولغان. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق زاپىسى تارىختىكى يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، زاپاس يېتەرلىك، تەمىنات يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولغان، يۇقۇم تارقىلىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشكەن. 115 كۆلەملىك ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىسى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارىدا 5000 توننىدىن يۇقىرى بولۇش مۇقىملاشقان. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 210 نۇقتىلىق سودا سارىيى، تاللا بازىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ، گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، كۆكتات، تەييار يېمەكلىك، يۇيۇش - تازىلىق بۇيۇملىرى قاتارلىق 17 چوڭ تۈردىكى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتى يېتەرلىك بولغان.

ئاپتونوم رايون يەنە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى كۆپەيتىپ، زاپاس گۆش، كۆكتات تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، زاپاس گۆش، كۆكتات تارقىتىشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان بولغان زاپاس گۆش، كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش، گاز ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكەن. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە توك باھاسىنى باسقۇچلۇق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى 700 مىڭ 200 گە يېتىپ، جەمئىي تۆۋەنلىتىلگەن سومما 278 مىليون يۈەن بولغان؛ گاز باھاسىنى باسقۇچلۇق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگەن سودا - سانائەت كەسپىدىكىلەر 48 مىڭ 500گە يېتىپ، جەمئىي تۆۋەنلىتىلگەن سومما 36 مىليون 252 مىڭ 400 يۈەن بولغان. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ ئىشلىتىش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان يەككە سودا - سانائەتچى 88 مىڭ بولۇپ، مەنپەئەتلەنگەن سۇ ئىشلىتىش مىقدارى 16 مىليون 150 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكەن، تۆۋەنلىتىلگەن سومما 18 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولغان.

## جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇغداي ئورمىسى كەينى - كەينىدىن باشلاندى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى تەمىناتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقى ۋە كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى پەرۋىش قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەييارلىقىنىڭ تولۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇغداي تېرىيدىغان رايونلار ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بۇغداي تېرىيدىغان رايونلار ئاچقۇچلۇق دېھقانچىلىق مەزگىلىدە كۆكلەم سۈيى، باش ئوغۇت بېرىش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ، يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يىل، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يېنىك دەرىجىدە ياكى ئوتتۇراھال دەرىجىدە مېتېئورولوگىيەلىك قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش»تەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى فاڭجېنى بويىچە، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قاتارلىق بىنەم تېرىقچىلىقى يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئاشلىققا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى كۆپلىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)كە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلۈك تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەر مو كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ يەر قۇۋۋىتىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى 180 يۈەندىن 220 يۈەنگە ئۆستۈردى، سىلوس قونىقىنىڭكىنى 100 يۈەندىن 120 يۈەنگە ئۆستۈردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار بۇغداي قاتارلىق ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى تەرتىپلىك ئېنىقلاپ، ياردەم تولۇقلىمىسىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە، ئىمكانقەدەر بالدۇرراق دېھقانلارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىپ، ئاشلىق تېرىغان دېھقانلارنى سىياسەتنىڭ پايدىسىدىن ۋاقتىدا بەھرىمەن قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى بۇغداي ھوسۇلىنى ئۆلچەپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى قانات يايدۇرۇپ، بۇغداي ئورۇش ۋاقتىنى ئىلمىي بېكىتىپ، بۇغداي ئورۇش مەشغۇلاتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، بىر بۆلەك پىشسا بىر بۆلەكنى ئورۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇغداي سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئاشلىقنىڭ بىر تال دېنىنىمۇ قالدۇرماي ئامبارغا كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.